# ئايالى قىزتۇغسا نارازى بولۇشنىڭ هۆكمى

[ئۇيغۇرچە]

تسخط الزوج إذا ولدت زوجته بنتاً
[باللغة الأويغورية]

مۇپتى : مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئەلھەمەد
**المفتي: محمد بن إبراهيم الحمد**

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد يۇسۇپ
**المترجم: محمد يوسف**

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى
**المراجعة: ن. تمكيني**

**رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى**

**المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض**

**1429 – 2008**

islamhouse.com

# ئايالى قىزتۇغسا نارازى بولۇشنىڭ ھۆكمى

11422نومۇرلۇق سوئال

**سوئال:**

بەزى مۇسۇلمانلار پەرزەنتلىرى قىز تۇغۇلسا دەرتلىنىدۇ، ھەتتا ئەگەر ئايالى قىز تۇغسا تالاق قىلىش بىلەن تەھدىد قىلغانلارمۇ بار. بۇ ھەقتە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆرسەتمىسىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسەڭلار؟.

**جاۋاب:**

ئاللاھ قىز پەرزەنت بەرسە ئۇنىڭغا رازى بولماسلىق جاھىلىيەتتىكى ئەرەبلەرنىڭ ئىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئەخلاقىدۇر. قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە مۇنداقلار قاتتىق سۆكۈلگەن. بەزى دوختۇرخانىلاردا ئاياللىرى قىز تۇغقانلارنىڭ ھالىغا قارىسىڭىز ئۇلاردا ئەينەن جاھىلىيەتنىڭ تەسىرىنى ۋە جاھىلىيەت قالدۇقلىرىنى كۆرىسىز. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش. ئاللاھ مۇنداقلارنى سۆكۈپ « ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە (خوتۇنىنىڭ) قىز تۇغقانلىق خۇش خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، چىرايى ئۆزگىرىپ، غەزەپناك بولۇپ كېتىدۇ.

يەتكۈزۈلگەن يامان خەۋەردىن قورقۇپ، ئۆز قەۋمىگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ نومۇسقا چىداپ قىزنى ساقلاپ قالامدۇ؟ ياكى ئۇنى تۇپا ئاستىغا (تىرىك) كۆمەمدۇ؟ (شۇ ھەقتە ئويلىنىدۇ) ئۇلارنىڭ ھۆكمى

(يەنى ئوغۇللارنى ئۆزلىرىگە نىسبەت بېرىپ، قىزلارنى ئاللاھقا نىسبەت بېرىشى) ھەقىقەتەن نېمىدېگەن قەبىھ!»(نەھل يۈرىسى 58-59- ئايەتلەر).

بەزى دوختۇرخانىلاردا بالىنىڭ قىز ياكى ئوغۇللىقىنى رەسىمگە ئېلىش ئارقىلىق بىلگەن ئەرلەرنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسىز. بالا ئوغۇل بولسا ئۇلارنىڭ يۈزلىرى خوشاللىقتىن كۈلىدۇ. ئەگەر قىز بولسا چىرايلىرى تۇرۇلۇپ بىگۇناھ ئايالىغا ئازار قىلىدۇ. بۇ ئەينەن جاھىلىيەت ئەخلاقى ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭدا ئايالىنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ بۇنداق نارازىلىقنىڭ خەتەرلىرى چوڭدۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. مۇنداق قىلىش ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە قارشى چىققانلىق.

2. مۇنداق قىلىش ئاللاھقا شۈكۈر قىلىش ئورنىغا ناشۈكۈرلۈك قىلغانلىق. مۇنداقلار ئاللاھنىڭ ئازابىغا لايىق بولغۇچىلاردۇر.

3. مۇنداق قىلىش ئايالىنى خورلىغانلىق، شەنىنى چۈشۈرگەنلىك ۋە ئۇنىڭدىن قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشنى تەلەپ قىلغانلىق.

4. مۇنداق قىلىش ئەبگالىق ۋە ئەخمەقلىق ۋە ئەقىلسىزلىق.

5. مۇنداق قىلىش جاھىلىيەت ئەخلاقىنى داۋام قىلدۇرغانلىق.

مۇسۇلمان ئادەم مۇنداق قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم. ئۆزىنى مۇنداق ھالاكەتتىن قۇتقۇزىشى لازىم. ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغىنىغا رازى بولۇش پەرزدۇر. رازىمەنلىك مۇسۇلماننىڭ سۈپىتى.

قىزلارنىڭ ئارتۇقلىقى ھەممىگە مەلۇم مەسىلە. ئۇلار ئانىلىرىمىز، ئۇلار قىزلىرىمىز، ئۇلار ھەدە ـ سىڭىللىرىمىز، ئۇلار ئاياللىرىمىز، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ يېرىمى. جەمئىيەتنىڭ يېرىمى بولغان ئەرلەرنىمۇ شۇلار تۇغىدۇ. ئۇنداقتا ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ھەممىسىدۇر.( ئىبنى قەييىمنىڭ « يېڭى تۇغۇلغان بالا توغرۇلۇق ئەھكاملار»ناملىق ئەسىرى 16ـ بەت).

قىزلارنىڭ ئارتۇقلىقىنى ئاللاھ بايان قىلىپ، ئۇلارنى ئوغۇللارنىڭ بايانىغا ئىلگىرى قىلغان:« الله نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ»(شۇرا سۈرىسى49ـ ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ قىزلارنى ئارتۇق سانىغان ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا تەشەببۇس قىلغان.ئۇ مۇنداق دېگەن:« كىمكى مۇشۇ قىزلارنىڭ خاپىلىقىنى تارتىپ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىدىكەن، ئۇلار ئۇ كىشى ئۈچۈن دوزاختىن قالقان بولىدۇ». (مۇسلىم).